## 48999 ـ ئېتىكاپنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ دەلىلى توغرىسىدا

### سۇئال

ئېتىكاپ قىلىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئېتىكاپ قىلىش بولسا قۇرئان، ھەدىس ۋە ئۈممەتنىڭ بىرلىكى بىلەن يولغا قويۇلغان ئىبادەتتۇر. قۇرئاندىن بولغان دەلىلى، ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسى 125-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: وَعَهِدْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ أَنْ طَهِّرَا بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْعَاكِفِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ تەرجىمىسى: ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق.

ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسى 187-ئايەتتە مۇنداق دەيداۋ: وَلَا تُبَاشِرُوهُنَّ وَأَنْتُمْ عَاكِفُونَ فِي الْمَسَاجِدِ تەرجىمىسى: سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار.

ئېتىكاپ قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان، ئۇنىڭ جۈملىسىدىن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ۋاپات تاپتۇزغانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلاتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن ئاياللىرى ئېتىكاپ قىلغان. [بۇخارى رىۋايىتى 2026-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1172-ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي، ئىبنى قۇدامە ۋە شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە قاتارلىق نۇرغۇن ئۆلىمالار ئۈممەت ئۆلىمالىرىنىڭ ئېتىكاپنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى قارارىنى نەقىل قىلدى. ["ئەلمەجمۇئ"6-توم 404-بەت، "ئەلمۇغنى"4-توم 456-بەت ۋە "شەرھۇل ئۇمدە"2-توم 711-بەتكە قارالسۇن].

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ"پەتىۋالار مەجمۇئەسى"15-توم 437-بەتتە مۇنداق دەيدۇ:"ھەقىقەتەن مەسجىتتە ئېتىكاپ قىلىش بولسا ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىدىغان ئەمەللەردىن بولۇپ، باشقا ۋاقىتتا قىلغاندىن رامىزاندا قىلسا ياخشى بولىدۇ، ئېتىكاپ قىلىش رامىزاندا ۋە رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ يولغا قويۇلغاندۇر".

ئىككىنچى: ئېتىكاپنىڭ ھۆكمى: ئەسلىدە ئېتىكاپ قىلىش ۋاجىپ بولماستىن بەلكى سۈننەت بولغان ئەمەللەردىن ھېسابلىنىدۇ، لېكىن بىر كىشى ئۆزىگە ئېتىكاپ قىلىشنى قارار قىلغان-نەزىر قىلغان-بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئېتىكاپ قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنى نەزىر قىلغان كىشى بۇنىڭغا ۋاپا قىلىپ ئاللاھغا ئىتائەت قىلسۇن، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشنى نەزىر قىلغان كىشى ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلمىسۇن. [بۇخارى رىۋايىتى 6696-ھەدىس].

بۇ توغرىدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە ھەرەم مەسچىتىدە بىر كېچە ئىبادەت قىلىشنى نەزىر قىلغان ئىدىم دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: قىلغان نەزىرەڭگە ۋاپا قىلغىن دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى6697-ھەدىس].

ئىبنى مۇنزىر ئۆزىنىڭ "ئەلئىجمائ" ناملىق ئەسىرى 53-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئۆلىمالار ئېتىكاپنىڭ ۋاجىپ ئەمەس، سۈننەت ئىكەنلىكىگە پەقەت ئىنسان ئۆزىگە ئېتىكاپ قىلىشنى نەزىر قىلسا، ئۇ ۋاقىتتا ۋاجىپ بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى".

دوكتۇر خالىد مۇشەيقىھنىڭ "پىقھۇل ئېتىكاپ" ناملىق ئەسىرى 31-بەتكە قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.